# 26837 - تاماقنى تېتىپ بېقىشقا ئېھتىياجلىق بولۇپ، ئېسىدە يوق يۇتىۋەتكەنلىكى توغرىسىدا

## سۇئال

ئايالىم ئىپتارلىق ئۈچۈن يېمەك ھازىرلاۋاتقاندا مېنىڭ ياردەم قىلىشىمنى تەلەپ قىلدى، ئايالىمغا ياردەملىشىۋاتقاندا، ئىپتارغا تەييارلىغان تاماقنىڭ تۇزىنى تېتىپ ئۇنتۇپ قىلىپ يۇتىۋېتىپتىمەن، بۇنىڭ بىلەن روزام بۇزۇلامدۇ؟ چۈنكى مەن شەرئىي جەھەتتىنمۇ ۋە ئۆرپ ئادەتتىمۇ ئۆزۈمگە ۋاجىپ بولمىغان بىر ئىشنى قىلىپ شۇنداق بولدى. جاۋاپ بېرىشىڭلارنى كۈتىمەن؟. ئاللاھ سىلەرنى مۇھاپىزەت قىلسۇن.

## تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل مەدھىيىلەر ئالەملەرنىڭ رەببى بولغان ئاللاھقا خاستۇر، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا، ساھابىلىرىغا ۋە قىيامەتكىچە ئۇلارغا ئەگەشكەن كىشىلەرگە ئاللاھنىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن. روزىدار كىشى ئەر بولسۇن ياكى ئايال بولسۇن ھاجەت بولغاندا تاماقنىڭ تۇزىنى تېتىپ باقسا بولىدۇ، ئۇنى تىلىنىڭ بىر تەرىپى بىلەن تېتىپ ئۇنىڭدىن كېيىن ئېغىزىدىن چىقىرىۋېتىدۇ، يۇتىۋەتمەيدۇ.

ئەگەر روزىدار كىشى تاماقنىڭ تۇزىنى تېتىپ ئېسىدە يوق يۇتۇپ سالغان بولسا، ئۇنىڭغا ھېچ ئىش بولمايدۇ، يەنى روزىسى تولۇق بولىدۇ. چۈنكى شەرئەتتە چەكلەنگەن ئىشنى قەستەن سادىر قىلمىسا ئېتىبارغا ئېلىنمىدىغان ئۆزرە ھېسابلىنىدۇ. بۇ توغرىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «روزىدار كىشى ئۇنتۇپ قېلىپ بىر نەرسە يېسە ياكى ئىچسە ئۇ كىشى روزىسىنى داۋاملاشتۇرىۋېرىدۇ. ھەقىقەتەن ئۇ كىشىگە ئاللاھ تائالا يېمەك بەردى ۋە ئىچىملىك بەردى» [بىرلىككە كەلگەن ھەدىس. بۇخارى رىۋايىتى 1399-ھەدىس. مۇسلىم رىۋايىتى 1155-ھەدىس].

ھەممىدىن توغرىسىنى ئاللاھ تائالا ياخشى بىلگۈچىدۇر.